# تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلماسلىق كېرەك

## — «جۇڭگوغا قارىتىلغان مەدەنىيلىك توقۇنۇشى سەپسەتىسى»نىڭ جىمىقىدىغان ۋاقتى كەلدى

□جۇڭ شېڭ

يېقىندا، سكىننېر ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق ئايال ھەيران قالارلىق سۆز قىلىپ، قويۇق ئىرقچىلىق تۈسىنى ئالغان «جۇڭگوغا قارىتىلغان مەدەنىيلىك توقۇنۇشى سەپسەتىسى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. خەلقئارا جەمئىيەت بۇنىڭغا بەك ھەيران قالدى.

ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى سىياسەت - پىلان ئىشخانىسىنىڭ بۇ مۇدىرى تەپ تارتماستىن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى» دېگەن بەلگىنى چاپلىدى. ئامېرىكىلىق يازغۇچى مارك تۋېن بۇرۇنلا بۇنداق كىشىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىپ: «قولىدا بولقىلا كۆتۈرۈۋالغان ئادەمگە، ھەممە نەرسە مىختەك كۆرۈنىدۇ» دېگەنىدى. سكىننېر دەل «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى»دىن ئىبارەت بۇ «بولقا»نى ئويىنىتىپ، جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى مەسىلە دەپ قارالغان بارلىق «مىخ»لارنى ئاق - قارىنى ئايرىماي قاقماقچى بولدى، نۇرغۇن ئامېرىكىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ھەممىسى بۇنى بىر خىل تىپىك ئىرقچىلىق لوگىكىسى، دەپ قارىدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىرقچىلىق قارىشىنى يوشۇرمايلا، قانداقتۇر «بۇ بىر خىل تامامەن ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىدېئولوگىيە بىلەن بولغان بىر مەيدان كۈرەش، بۇنى ئامېرىكا ئىلگىرى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان» «نۆۋەتتىكى جۇڭگونىڭ تۈزۈمى غەرب پەلسەپەسى ۋە تارىخىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس» «بىز تۇنجى قېتىم ئاق تەنلىك ئىرقتىن بولمىغان چوڭ دۆلەتتىكى رىقابەت رەقىبىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز» دەۋاتىدۇ. بۇنداق ۋاتىلداشلار كىشىلەرگە ناتونۇش ئەمەس، بۇ كىشىلەرگە ناتسىستلارنىڭ ئەينى يىللاردا يەھۇدىي مىللىتى، سىلاۋىيان مىللىتى قاتارلىقلارنى زەھەرلىك قارىغاشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئەينى يىللاردىكى ناتسىستلارنىڭ «ئارىيانلار بارلىق ئىرقلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن ئىرقچىلىقنى چىقىش قىلىپ سادىر قىلغان كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرىنى ئەسكە ئالغاندا، ھەرقانداق كىشىنىڭ تېنىنى ئىختىيارسىز تىترەك باسىدۇ!

دۆلەت بىلەن دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئىرق قاتلىمىغا ئايرىيدىغان بۇ خىل سەپسەتە ئامېرىكىدىمۇ كۆچلۈك گۇمان قوزغىدى. «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»دە: بۇنداق قاراش مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى قوللايدىغان ئەمەلىي پاكىت كەمچىل، دېيىلدى. ماقالىدە: ئۇلار ئاساسىي مەدەنىيلىككە ئاساسەن دۆلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ، سالاھىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە تاسادىپىيلىقىغا سەل قارىدى، دەپ قارالدى. ئامېرىكا پېكبو ئاگېنتلىقىنىڭ ئوبزورىدا: «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى سەپسەتىسى»گە ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە پۇت قويغىدەك ئورۇن يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل توقۇنۇش ئەندىزىسى ئامېرىكىنىڭ رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىشىغا پايدىسىز، دېيىلدى. ئامېرىكا «دىپلوماتىيە سىياسىتى»نىڭ ئوبزورىدا بۇ ھەقتە دەل جايىدا باھا بېرىلىپ: «بۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يېڭى تاكتىكىسىنىڭ ئىرقچىلىقى ۋە خەتەرلىك بىر تەرىپىنى نامايان قىلىپ بەردى» دېيىلدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سكىننېر ئىسىملىك بۇ ئايال ئافرىقىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىق بولۇپ، ئۇ بۇ خىل ئىرقچىلىق سەپسەتىسىنى ھەۋەس بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئاق تەنلىكلەر ئىرقى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگەندە، ئەجەبا ئامېرىكىدا ئۇزاقتىن بۇيان يامرىغان ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ كەڭ قارا تەنلىكلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئاپىتىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ ئەجەبا ئاتالمىش «ئاق تەنلىكلەر مەدەنىيلىكى»نىڭ ئىندىيان مەدەنىيلىكى، قارا تەنلىكلەر مەدەنىيلىكىنى بوغقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟

جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى «ئىناقلىق». مىلادىدىن بۇرۇنقى 140 نەچچىنچى يىلى، جاڭ چيەن بىر تىنچلىق ئەلچىلىرى ئۆمىكىنى باشلاپ چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، شەرقتىن غەربكە تۇتىشىدىغان يولنى ئېچىپ، «يول ئېچىش سەپىرى»نى تاماملىغان، ھەرگىزمۇ قانداقتۇر «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى» بىلەن شۇغۇللانمىغان. 600 نەچچە يىل ئىلگىرى، جېڭ خې يەتتە قېتىم غەربىي ئوكيانغا سەپەر قىلغاندا، باشلاپ ماڭغىنى ئەينى چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ كېمە ئەترىتى، ئېلىپ بارغىنى يىپەك، چاي ۋە فارفور بۇيۇم، ھەرگىزمۇ قانداقتۇر «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى» ئەمەس! قەدىمىي يىپەك يولىدىكى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، قەدىمىي يۇنان مەدەنىيلىكى، قەدىمىي رىم مەدەنىيلىكى، قەدىمىي ھىندىستان مەدەنىيلىكى ئارقا - ئارقىدىن جۇڭگوغا كىرىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى بىلەن ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ «ئىناقلىق»تىن ئىبارەت مەدەنىيەت قارىشىدا ئالەم قارىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، «تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى»گە ئەھمىيەت بېرىلگەن؛ تاشقى ئالاقە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بارلىق جاھان ئەھلى بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇش گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، «بىر ياقىدىن باش چىقىرىش»قا ئەھمىيەت بېرىلگەن؛ كىشىلىك مۇناسىۋەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، «ئىناقلىق ھەممىدىن ئەلا» دېگەنگە ئەھمىيەت بېرىلگەن؛ ئېكولوگىيە سىستېمىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، «ئىناقلىق ئىشقا ئاشۇرۇلسا، بارچە مەۋجۇدات ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ» دېگەنگە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىك جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ كەڭ قورساق، سىغدۇرۇشچان كۆڭلى - كۆكسىنى بەلگىلىگەن. بۇ خىل «ئىناقلىق»تىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرىگە ئايلانغان. خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: «تىنچلىقنى سۆيۈش ئىدىيەسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا جۇڭگونىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئاساسىي ئىدىيەسى».

سكىننېر قاتارلىقلارنىڭ ئىرق ئايرىلىق مەدەنىيلىكنى جەزملەشتۈرىدىغان، مەدەنىيلىك ئارقىلىق دۆلەتلەر توقۇنۇشىنى جەزملەشتۈرىدىغان بۇ خىل لوگىكىسى ئىنتايىن خەتەرلىك. لىنكولن بۇرۇنلا: «ئامېرىكا خەلقى ئىرق چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان خەلق» دېگەن. 21 - ئەسىرنىڭ بۈگۈنكى كۈنىگە كەلگەندە، «ئەركىنلىكتە، باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش»نى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ۋە قارا تەنلىك قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن غايەت زور بەدەل تۆلىگەن ئامېرىكىدا، قانداقسىگە «ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئۈستۈن» دەيدىغان بۇ خىل چىركىندىن ئاشقان ئىرقچىلىق سەپسەتىسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىغا ئەرزىيدۇ.

سكىننېر قاتارلىقلارنىڭ ئىرقچىلىق مەزمۇنىدىكى گەپ - سۆزلىرىنىڭ خەتەرلىكلىكى شۇ يەردىكى، «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى» ئىرقنىڭ ئوخشىماسلىقى ئاساسىدا دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ئىرقلارنى يوقىتىش. چۈنكى بىر ئىرق مەۋجۇت بولغان ئىكەن، بىر مىللەت مەۋجۇت بولغان ئىكەن، بىر خىل مەدەنىيلىك مەۋجۇت بولىدۇ. ئەجەبا ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان ئىرق، مىللەت ۋە مۇشۇ ئىرق، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيلىكنى يوقىتىۋەتمەكچىمۇ؟ پۈتۈن دۇنيادىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر يۈكسەك ھوشيار بولايلى، تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان بۇنداق ئىرقچىلىق تۈسىنى ئالغان گەپ - سۆزلەر يامراپ كەتمىسۇن! دۇنيا كۆپ خىل، ئىنسانلار مەدەنىيلىكى رەڭگارەڭ، ئىختىلاپ بولمىسا دۇنيامۇ بولمايدۇ. جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، تارىخى، مەدەنىيىتى، جەمئىيەت تۈزۈمى، ئاممىنىڭ دەۋا تەلىپى قاتارلىقلار ئوخشاپ كەتمەيدۇ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بىر قىسىم ئىختىلاپلارنىڭ بولۇشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، ئىختىلاپنىڭ بولۇشى ھەرگىزمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئاچقۇچلۇقى ئىختىلاپنى قارىشىلىش پوزىتسىيەسى قوللىنىشنىڭ باھانىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۆزئارا ھۆرمەتلەشتە چىڭ تۇرۇپ، باراۋەر كېڭىشىشكە كۆچ چىقىرىپ، ئىككىلا تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

ھەر خىل مەدەنىيلىكلەر ئالماشتۇرۇشى - ئۆزئارا ئۆگىنەك ئېلىشى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشى، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىشى، گۈزەللىكلىرىدە ئورتاقلىششى كېرەك. دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى مەسىلىنى مەدەنىيلىك قاتلىمىغا كۆتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىكنى ئىرق كاتېگورىيەسىگە تۆۋەنلىتىش ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، بەلكى زىيىنى كۆپ بولسا بولىدۇكى، قىلچىلىكمۇ پايدىسى يوق. ئىرقچىلىققا تولىمۇ ھەۋەس قىلىدىغان ئاشۇ سكىننېر قاتارلىقلارغا كىشىلەر چوقۇم يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق توۋلىشى كېرەك: يارىنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالدىڭلار، ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىڭلار! پۈتكۈل ئالەم ئىنتايىن خاتا دەپ قارىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئەگەر ھوشىڭلارنى تاپماي، ئۆزبېشىمچىلىق قىلىۋەرسەڭلار، سىلەرنى ئالدىڭلاردا كۆتۈۋاتقىنى تېگى يوق ھاڭ!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لو جى: شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شيۇگېڭ)** ئالدى تەرىپى كۆنچىقىشقا قارىتىلغان، ئۈچ ئېغىز ئۆي، ئىككى ئايۋانلىق قۇرۇلمىدىكى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 216 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، گۇاڭدۇڭ فوشەن گاۋمىڭ رايونى ياڭخې بازىرى يۈەنگاڭ كەنتىگە جايلاشقان ئىمارەت ئىنقىلابىي قۇربان لو جىنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى.



لو جىنىڭ سۈرىتى □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

لو جى، ئەسلىي ئىسمى لو چاڭشېڭ.

لو جى 11 ياش ۋاقتىدا تاغىسىغا ئەگىشىپ جىلىن چاڭچۈنگە بېرىپ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1931 - يىلى 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن شەرقىي شىمال قولدىن كەتكەندە، ئۆسمۈر لو جىنىڭ غەزىپى تېشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان. 1932 - يىلى 9 - ئايدا، لو جى قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەم بىلەن شۇغۇللىنىپ، سۇ بىڭۋېن رەھبەرلىكىدىكى جىلىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوغدىنىش قوشۇنىغا قاتناشقان. شەرقىي شىمال خەلقى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيەسى تەنھا ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، 1932 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغاندا، لو جىمۇ قوشۇن بىلەن بىللە چېكىنگەن.

1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، لو جى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دىخۇا(بۈگۈنكى ئۈرۈمچى)غا كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپى، شىنجاڭ شۆيۈەنگە كىرىپ ئوقۇغان، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋەتىلگەن. دىخۇادا ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، لو جى يۈ شيۇسۇڭ، لىن جىلۇ قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يېتەكلىشى ۋە تەربىيەسىدە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش ئاممىۋى تەشكىلاتى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى»گە قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە پائال ئاتلانغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «ئىنقىلابىي نەزەرىيەنى ئۆگىنىپ، مۇستەھكەم ئىنقىلابىي ئېڭىنى شەنچىنى تۇرغۇزۇپ، رەھىمسىز ئىنقىلابىي كۈرەشنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك.» «ئىنقىلابنى چوقۇم توغرا ئىدىيەنى ئاساس قىلغاندىلا، ئاندىن خاتا ئىنقىلاب قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.» «بارلىق ئىنقىلابىي خىزمەتلەردىكى مەقسەت ئاۋام خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، ئەگەر ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى بۇ خىل ئەھمىيەتنى يوقىتىپ قويسا، ئۇ چاغدا ئىنقىلاب بولماي قالىدۇ».

لو جى شىنجاڭ شۆيۈەننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەكتەپتە قېلىپ خىزمەت قىلغان، كېيىن يەنە ئۆلكىلىك تولۇقسىز سىفەن مەكتىپىنىڭ تەرتىپ مۇدىرى، قوشۇمچە دىخۇا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. لو جى كۆپ قېتىم تۈرمىگە كىرگەن.

1946 - يىلى 3 - ئايدا، لو جى دىخۇادىكى تەرەققىيپەرۋەر يەر ئاستى تەشكىلاتى «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى»غا قاتناشقان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، لو جى شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىغا كىرىپ خىزمەت قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، لو جى دىخۇادا قېلىپ يەر ئاستى كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەرەققىيپەرۋەر يەر ئاستى تەشكىلاتى «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيەسى» دىخۇا رايونلۇق كومىتېتى(«جەڭگىۋارلار تەشكىلاتى»)نىڭ «كۈرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ئۇ «گېڭ كې» تەخەللۇسى بىلەن «كۈرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا نۇرغۇن ماقالە ئېلان قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلغان ھەم دىخۇا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۆھپە بولۇش ئۈچۈن ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لو جى غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، لو جى قاتارلىق بەش يولداش بەختكە قارشى قازا قىلغان. شىنجاڭ غۇلجا شەھىرىدە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە تېشى تۇرغۇزۇلغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانغا ئابىدە يازمىسى يېزىپ بەرگەن.

ھازىر، لو جىنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى گاۋمىڭ رايونىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى، 2010 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، گاۋمىڭ رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ياڭخې بازىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھازىر لو جىنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسىنى رېمونت قىلىش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ئىشلەۋاتىمىز، كۆندىلىك ئاسراشتىن سىرت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە داڭلىق لايىھەلەش، رېمونت قىلىش شىركەتلىرىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلدۇق، مۆلچەرىمىزچە، 2019 - يىلى 6 - ئايدا لايىھە تاماملىنىپ، 2020 - يىلى چاغاندىن ئىلگىرى، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئەسلىي تۇرالغۇنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كەڭ ئاممىغا ئېچىۋېتىلىشى مۇمكىن.



**غەلىتە تاش جىلغىسىنى كۆڭۈللۈك ساياھەت قىلىش**

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ساياھەتچىلەر بورتالا شەھىرىدىكى دۆلەت 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى غەلىتە تاش جىلغىسى مەنزىرە رايونىدا ساياھەت قىلماقتا. شۇ كۈنى، غەلىتە تاش جىلغىسىدا تۇنجى نۆۋەتلىك «تاغ گۈلى بايرىمى» ئۆتكۈزۈلدى. غەلىتە تاشلارغا نام بېرىش، غەلىتە تاشلاردىن گۆھەر ئىزدەش، تاغقا چىقىش مۇسابىقىسى، فوتو سۈرەت مۇسابىقىسى، ئات مىنىش، تۆگە مىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەر زور تۈركۈم ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. □ليۇ يۈشىن فوتوسى

# ساغلام، تەرتىپلىك بازار مۇلازىمىتى مۇھىتى يارىتىلدى

(بېشى 1- بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان بېجىرىلگەن دېلولارغا قارىتا «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇپ، قارا كۆچىلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۆچىلەرگە چېتىشلىق، بولۇپمۇ پەردە ئارقىسىدىكى «مۇھاپىزەت كونلۇكى»، چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تاپتى؛ بەزى تانسخانا، ئويۇنخانا، تورخانا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە مەنزىرە رايونلىرى، مېھمانساراي، ساياھەت يېتەكچىسى، ساياھەت ئاپتوموبىللىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ئوبيېكتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مەسىلە يىپ ئۇچلىرىنى چوڭقۇر قازدى. «نامۇۋاپىق تۆۋەن باھالىق ساياھەت» «قانۇنسىز ساياھەت كوپېراتىپى كەسپى تىجارىتى قىلىش» «نەرسە سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلاش ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن مەجبۇرلاش» «مەنزىلنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش» قاتارلىق مەدەنىيەت - ساياھەت بازىرىدىكى قالايمىقانچىلىقلارغا قارىتا مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى ساياھەت ساھەسىدە «قارا، رەزىل كۆچلەرنى يوقىتىش» بويىچە مەخسۇس تۈزەش، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، كەسىپ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ساياھەت ساھەسىدىكى كەسپكارلارغا قارىتا قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى ئورتاق قول تۇتۇشۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساياھەت بازىرىنى كەيپىياتى ئىناق، ھەممە ئادەمگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان، مېلى نەق، نەرخى ھەق بولغان ساغلام بازار قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكلىدى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بۆگۈر ناھىيەسى مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، ساياھەت ساھەسى، نەشر بۇيۇملىرى بازىرىغا قارىتا قارا، رەزىل كۆچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە تەشۋىقات - تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئىگىلىرىنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت بازارلىرىنىڭ تىجارەت مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، كۆپچىلىكنى ئاڭلىق ھەرىكەتكە كېلىپ، تىجارەت تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇش، تىجارەت مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇشقا يېتەكلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: مەدەنىيەت - ساياھەت ساھەسىدىكى قارا، رەزىل كۆچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، مەدەنىيەت - ساياھەتنىڭ بىخەتەر تەرەققىياتىنى، ساغلام تەرەققىياتىنى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت - ساياھەت ساھەسىدىكى قارا، رەزىل كۆچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بىلەن مەدەنىيەت - ساياھەت تەرەققىياتىنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)